# ئەبۇ بەكرىنى بۇيرۇڭلار، كىشىلەرگە ناماز ئوقۇپ بەرسۇن

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنهۇ مۇنداق دېدى: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كېسىلى ئېغىرلاشقاندا ئۇنىڭغا ناماز توغرۇلۇق سۆز قىلىندى، ئۇ: «ئەبۇ بەكرىنى بۇيرۇڭلار! كىشىلەرگە ناماز ئوقۇپ بەرسۇن» دېدى، ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنها: ئەبۇ بەكرى دىلى يۇمشاق كىشى، قۇرئان ئوقۇسا يىغا تۇتۇپ كېتىدۇ، دېگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئۇنى بۇيرۇڭلار، نامازنى ئوقۇپ بەرسۇن» دېدى. يەنە بىر رىۋايەتتە ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنها: ئەبۇ بەكرى سىلىنىڭ ئورۇنلىرىدا تۇرسا ئۇنى يىغا تۇتۇپ كېتىپ، كىشىلەرگە قىرائەت قىلالمايدۇ،-دېدىم دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىندى

[سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ)] [ھەدىسنى بۇخارى ۋە مۇسلىم بىردەك قوبۇل قىلغان]

پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ كېسىلى ئېغىرلىشىپ كەتكەندە، جامائەتكە ئىمام بولۇپ ناماز ئوقۇپ بېرىشكە قادىر بولالمىغانلىقتىن، رەسۇلۇللاھ ئەبۇ بەكرىنى ئىمام بولۇپ ناماز ئوقۇپ بېرىشكە بۇيرۇشنى بۇيرۇق قىلدى، ئەبۇ بەكرى بولسا دىلى يۇمشاق كىشى بولۇپ، قۇرئان ئوقۇسىلا تەسىرلىنىپ يىغلاپ كېتەتتى. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنها رەسۇلۇللاھقا بۇ ھەقتە ئۆزۈر ئېيتتى. ئائىشە بۇ ھەدىستە ئەبۇ بەكرىنىڭ قۇرئان ئوقۇغاندا يىغلاپ كېتىشىنى ئاساسىي مەقسەت قىلمىغان، بەلكى ئۇنىڭ مەقسىتى، كىشىلەر دادىسىدىن يامان پال ئېلىپ قېلىشىدىن ئەنسىرىگەن، شۇڭا ئۇ كۆڭلىدە يوشۇرغانىنىڭ قارشىسىنى ئىپادىلىگەن. مۇسلىم رىۋايەت قىلغان ھەدىستە: ئاللاھ تائالا بىلەن قەسەمكى، مېنىڭ ئۇنىڭغا قارشى تۇرۇشۇمدىكى سەۋەب، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئورنىغا تۇنجى بولۇپ چىققان كىشىدىن كىشىلەر يامان پال ئېلىپ قېلىشىدىن ئەنسىرىدىم، شۇنىڭ ئۈچۈن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئىككى ياكى ئۈچ قېتىم قايتىلاپ: باشقا بىرىنى بۇيرۇسىلا، دېدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنىلا چىڭ تۇرۇپ: «ئەبۇ بەكرى ئىمام بولۇپ ناماز ئوقۇپ بەرسۇن! ھەقىقەتەن سىلەر يۇسۇپ ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەمراھلىرىغا ئوخشاش ئىكەنسىلەر»دېدى. «يۇسۇپ ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەمراھلىرى» دىن مەقسەت ئۇلار قەلبىدىكىنى يوشۇرۇپ، تىلىدا باشقىنى ئىپادىلەشتە يۇسۇپنىڭ ھەمراھلىرىغا ئوخشاش دېگەننى مەقسەت قىلغان. بۇ يەردە سۆز كۆپلۈك ئىبارىسى بىلەن دېيىلگەن بولسىمۇ، مەقسەت قىلىنغان كىشى پەقەتلا ئائىشە ئىدى. شۇنىڭدەك يۇسۇپ ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەمراھلىرىدىن مەقسەت پەقەتلا زۇلەيخا بولۇپ، ھاپىز ئۇنىڭ ئۆز ۋاقتىدا مىسىردىكى بىر ۋەزىرنىڭ ئايالى ئىكەنلىكىنى دېدى. بۇ ئىككى ۋەقەلىكنىڭ ئارىسىدىكى ئوخشاشلىق نۇقتىسى زۇلەيخا ئۆيىگە ئاياللارنى زىياپەتكە چاقىرىپ ئۇلارنىڭ ئىززەت-ھۆرمىتىنى قىلغان، بۇنىڭدىن ئۇلارنى مېھمان قىلىش مەقسەت بولماستىن، بەلكى ئۇلارغا يۇسۇپ ئەلەيھىسسالامنىڭ جامالىنى كۆرسىتىشنى، ئۆزىنىڭ ئۇنىڭغا ئاشىق بولۇپ قالغانلىقىنىڭ سەۋەبىنى بىلدۈرۈشنى مەقسەت قىلغان. ئائىشە بۇ ھەدىستە دادىسىدىن ئىمامەتچىلىكنى بۇرۇۋەتمەكچى بولىشىنىڭ سەۋەبىنى كىشىلەر ئۇنىڭ قىرائەت قىلغىنىنى ئاڭلىيالماسلىقنى دېگەن، ئەمما كۆڭلىدە ئەبۇ بەكرى ئىمام بولسا كىشىلەر ئۇنىڭدىن يامان پال ئېلىپ قېلىشىدىن ئەنسىرىگەن. ھەدىسنىڭ بىر قىسىم يوللىرىدا بۇنى ئېنىق بايان قىلىپ مۇنداق دېگەن: مېنىڭ بۇنداق قىلىشىمغا تۈرتكە بولغىنى كىشىلەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن كېيىن ئۇنىڭ ئورنىدا تۇرغان كىشىنى ئانچە ياقتۇرۇپ كەتمەسلىكىدىن ئەنسىرىدىم، دېگەن

https://sunnah.global/hadeeth/ug/show/4179

النجاة الخيرية
ALNAJAT CHARITY

لجنة الدعوة الإلكترونية
EDC
E-Da'wah Committee